# كىرىش سۆز

**ھۆرمەتلىك ئىشلەتكۈچى، ياخشىمۇسىز !**

« مۇئەللىم » iBilig M2000 تىپلىق سېزىمچان رەڭلىك ئېكرانلىق، كۆپ تىللىق ئېلېكترون لۇغەتنى ئىشلەتكىنىڭىزنى قارشى ئالىمىز. مەھسۇلات ئىقتىدارىنى تولۇق چۈشىنىپ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىڭىز ئۈچۈن، مەزكۇر ئىشلىتىش قوللانمىسىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىڭ. كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇشبۇ قوللانمىنى كېيىنكى ۋاقىتلاردا پايدىلىنىشىڭىز ئۈچۈن قۇلايلىق ئورۇنغا قويۇپ ساقلاڭ.

مەھسۇلات ئىچىدە ساقلانغان ھۆججەت، سانلىق مەلۇماتلارنى ئۆز ۋاقتىدا زاپاس ساقلىۋېلىڭ، مەشغۇلات مۇۋاپىق بولماسلىق، كۈچلۈك ماگنىت مەيدانىدا ئىشلىتىش، رېمونت قىلىش، سىستېما ھۆججەتلىرىنى قايتا قاچىلاش، ئەلالاشتۇرۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىچكى ماتېرىياللار يوقاپ كەتسە ياكى ئۆچۈپ كەتسە ياكى بىرەر تەرەپكە ئاشكارىلىنىپ زىيان كېلىپ چىقسا شىركىتىمىز مەسئۇل بولمايدۇ.

شىركىتىمىز مەھسۇلات ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، يۇمشاق دېتال نەشرىنى يېڭىلايدۇ. ئىشلىتىش قوللانمىسىنىڭ مەزمۇنى بىلەن مەھسۇلاتنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارى، ئۆلچىمى ۋە لايىھىلىنىشىدە ئوخشىماسلىقلار كۆرۈلسە، زاۋۇتتىن چىققاندىكى ئەمەلىي مەھسۇلات ئىقتىدارىنى ئاساس قىلىڭ. ئىشلىتىش ئۇسۇلىدىكى چۈشۈپ قالغان، خاتا يېزىلىپ قالغان ئىقتىدار ياكى مەزمۇنلار بولسا، ياكى كېيىن قوشۇلۇپ، خەۋەر قىلالمىساق ئەپۇ قىلىشىڭىزنى ھەمدە تۈزىتىپ پايدىلىنىشىڭىزنى سورايمىز. ھەمدە شىركىتىمىزنىڭ مۇلازىمەت تور بېكىتىدىن ئىشلىتىش قوللانمىسىنىڭ ئەڭ يېڭى ئېلېكترون نەشرىنى شۇنداقلا بەزى قوشۇمچە ئىقتىدار چۈشەندۈرۈشلىرىدىن پايدىلىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

# مۇندەرىجە


**كىرىش سۆز ...................................................................... I**

**مۇندەرىجە ...................................................................... I**

**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار........................................................ 1**

**1. باب ئىشلىتىش ئۇسۇلى........................................................ 8**

**1-1 مەھسۇلات ئىقتىدارىنى تونۇشتۇرۇش ........................................ 8**
**1-2 كىرگۈزۈش ئۇسۇلى ........................................................ 9**
1-2-1 ئۇيغۇرچە كىرگۈزگۈچ.............................................. 10
1-2-2 خەنزۇچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى ........................................ 10
1-2-3 ئىنگلىزچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى....................................... 11
1-2-4 قەلەم بىلەن يېزىش ئۇسۇلى......................................... 12
**1-3 كۇنۇپكا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى.................................................. 12**
**1-4 سېزىمچان ئېكران ئىقتىدار كۇنۇپكىلىرى ..................................... 13**
**1-5 سىستېما ياردەم ئۇچۇرى ................................................... 13**

**2- باب لۇغەت ئىقتىدارى.............................................................. 14**

**2-1 ئۇنىۋېرسال ئىزدەش......................................................... 14**
2-1-1 لۇغەت تۈرىنى تاللاش ................................................ 14
2-1-2 ئۇنىۋېرسال ئىندېكس.................................................. 14
**2-2 ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى ............................................ 15**
2-2-1 كىرگۈزۈش كۆزنىكى ................................................. 15
2-2-2 لۇغەت كۆرۈنۈشنى بېكىتىش ........................................ 16
2-2-3 ئىندېكس ............................................................... 16
2-2-4 سۆزلۈك ئىزاھاتىنى كۆرۈش ........................................ 16
2-2-5 تەتۈر ئىزدەش ئىقتىدارى............................................ 17
2-2-6 ئىزدەش خاتىرىسى.................................................... 17
2-2-7 مۇجمەل ئىزدەش ...................................................... 17
2-2-8 ياردەم ................................................................. 17
**2-3 ئۆز سۆزلۈك................................................................ 18**
**2-4 خام سۆز ئامبىرى ......................................................... 18**
**2-5 رەسىملىك قامۇس ......................................................... 18**

**3- باب ئۆگىنىش ئىقتىدارى ........................................................ 19**

**سول مىڭە ئىقتىدارى...................................................... 19**
**3-0 جۈملە تەرجىمان ................................................... 19**
3-0-1 ئىنگلىزچىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش ........................ 19
3-0-2 خەنزۇچىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىش ........................ 19
**3-1 سىن دەرسخانىسى...................................................... 20**
**3-2 تەجرىبىخانا.............................................................. 20**
**3-3 كارتون دەرسخانا ........................................................ 20**
**3-4 ياندىش مەشىق............................................................. 20**
**3-5 تەكرار باغچىسى .......................................................... 20**
**3-6 تەقلىدىي ئىمتىھان......................................................... 20**
3-6-1 تەقلىد.......................................................... 20
3-6-2 مەشىق ......................................................... 21
**3-7 دىئالوگ.................................................................... 21**
**3-8 سۆز يادلاش ................................................................ 22**
3-8-1 بەش قاتلاملىق يادلاش ئۇسۇلى ................................. 22
3-8-2 ئېيبىنخوس ئەستە ساقلاش ئۇسۇلى ............................. 23
**3-9 دەرىجە سۆزلۈك ........................................................... 24**
**ئوڭ مىڭە ئىقتىدارى ........................................................... 24**
**3-A تەلەپپۇز باھالاش ........................................................... 24**
**3-B جۈملە يادلاش ............................................................... 25**
**3-C ئاڭلاش مەشىقى ............................................................ 26**
3-c-1 ئاڭلاش ماھارىتى.............................................. 26
3-c-2 ئاڭلاش مەشىقى............................................... 26
3-c-3 ئاڭلاش ئىمتىھانى............................................. 26
**3-D گىراماتىكا ئۆگىنىش......................................................... 26**
**3-E جۈملە قۇراشتۇرۇش ......................................................... 26**
**3-F سۆز تۇتاشتۇرۇش ............................................................ 27**
**3-G ترانسكرىپسىيە ............................................................... 27**
3-g-1 تاۋۇش بەلگىلىرىدىن ئاساس ..................................... 27
3-g-2 تەلەپپۇز قانۇنىيىتى............................................. 27
**3-H خەنزۇچە خەت ئۆگىنىش .................................................. 27**
3-h-1 شىگمۇ مەشىقى............................................... 27
3-h-2 يۈنمۇ مەشىقى ................................................ 28
3-h-3 پۈتۈن بوغۇم مەشىقى......................................... 28
3-h-4 پىنيىن مەشىقى................................................ 28
3-h-5 يېزىش تەرتىپى مەشىقى...................................... 28

3-h-6 پىنيىدىن ئاساس ........ 28
3-h-7 تەلەپپۇز قائىدىسى ........ 28
**3-I بەش سىزىقلىق كىرگۈزۈش مەشقى ........ 28**
3-i-1 كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرۇش ........ 28
**3-J ئېنسىكلوپېدىيە ........ 29**
**3-K كۈتۈپخانا ........ 29**

**4-باب ئويۇن ( كۆڭۈل ئېچىش) ........ 30**

**4-0 MP4 ۋىدېئو ........ 30**
**4-1 MP3 ناخشا ........ 30**
**4-2 FLASH فلەش ........ 31**
**4-3 ئۈنئالغۇ ........ 31**
**4-4 ئېلكتاب ........ 32**
**4-5 PDFئوقۇغۇچ ........ 32**
**4-6 ئالبوم ........ 32**
**4-7 رەسىم تاختا ........ 33**
**4-8 كاتىپ ........ 34**
**4-9 قوڭغۇراق ئاۋازى ........ 35**
**4-A ئويۇن ........ 35**
**4-B مۇلازىمەت ........ 35**
**4-C دىسكا باشقۇرۇش ........ 35**
**4-D دائىملىق قوراللار ........ 36**
**4-D ئۆگىنىش پىلانى ........ 36**
**4-F كالېندار ........ 36**
**4-G ۋاقىت ........ 36**
4-g-1 ۋاقىت ........ 36
4-g-2 سېكۇندومېر ........ 37
4-g-3 تايمېر ........ 37
**4-H قوڭغۇراق ........ 37**
**4-I ئىگىدار ........ 37**
**4-J تېلنومۇر ........ 37**
**4-K خاتىرە ........ 39**
**4-L كۇنپۇتۇك ........ 39**
**4-M ئىشتەيىن ........ 39**
**4-N دەرستەيىن ........ 39**
**4-O ھېساباتچى ........ 39**

**4-P هېسابلىغۇچ ........................ 39**
4-p-1 هېسابلىغۇچ ........................ 39
4-p-2 ئالماشتۇرغۇچ ........................ 40
**4-Q تېما بەلگىلەش ........................ 40**
**4-R سىستېما بەلگىلەش ........................ 40**
4-r-1 كۇنۇپكا بەلگىلەش ........................ 40
4-r-2 قوزغىلىشنى بەلگىلەش ........................ 40
4-r-3 توك مەنبەسىنى باشقۇرۇش ........................ 40
4-r-4 شىفىر بەلگىلەش ........................ 41
4-r-5 تەلەپپۇزنى بەلگىلەش ........................ 41
4-r-6 ئېكران بەلگىلەش ........................ 41
4-r-7 قەلەمىيازما بەلگىلەش ........................ 42
4-r-8 قەلەم ئورنىنى تەڭشەش ........................ 42
4-r-9 سىستېما تىلىنى تاللاش ........................ 42
4-r-0 ئاۋاز تېزلىكى ........................ 42
4-r-a ئويۇن بەلگىلەش ........................ 42
4-r-b ماشىنا ئۇچۇرى ........................ 42

**قوشۇمچە: مەھسۇلات ئۆلچىمى ۋە سەپلىمە تىزىملىكى ........................ 43**

# دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

مەھسۇلاتنىڭ ئۈنۈملۈك ھالدا توغرا پايدىلىنىش ۋە بىخەتەر ساقلاش ئۈچۈن، ئىشلىتىشتىن بۇرۇن تۆۋەندىكى ئىشلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىڭ:

**1. ئاگاھلاندۇرۇش**

■مەھسۇلاتنى بۇزۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قاتتىق زەربىگە ياكى سىلكىنىشكە ئۇچراشتىن ساقلىنىڭ.

■مەھسۇلات ئېكرانىنىڭ سۇنۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەھسۇلاتنى چۆرۈمەڭ، ئۇرماڭ، سىلكىمەڭ ھەمدە باسماڭ.

■كىسلاتا-ئىشقارلىق ۋە باشقا خىمىيەلىك سۇيۇقلۇقلار بىلەن مەھسۇلاتنى سۈرتمەڭ.

■ئېكرانى بۇزۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇچلۇق نەرسىلەر بىلەن ئېكرانىنى باسماڭ.

■مەھسۇلاتقا نەملىكتىن ساقلىنىش قۇرۇلمىسى ئورنىتىلمىغان، ئەگەردە يامغۇر ياكى سۇ ئۆتۈپ كەتسە، مەھسۇلاتنى قوزغاتماستىن، دەرھال باتارېيىنى چىقىرىۋېتىپ، قۇرۇق، سالقىن جايدا قۇرۇتۇڭ، ئاندىن يۇز بەرگەن ئىشلارنى ئىزاھلاپ، شىركىتىمىزنىڭ رېمونت قىلىش ئورنىغا ئەۋەتىپ بېرىڭ.

■يۇقىرى تېمپېراتۇرا، يۇقىرى بېسىم، يۇقىرى نەملىك، يۇقىرى ئىستاتىك ئېلېكتر ۋە يۇقىرى ماگنىت مەيدانىدا مەھسۇلاتنى ئىشلەتمەڭ ياكى قويۇپ قويماڭ.

■باتارېيە قۇۋۋىتى يېتىشمىگەندە، ۋاقتىدا توك قاچىلاڭ (زەرەتلەڭ). توك قۇۋۋىتى يېتىشمىگەن ئەھۋالدا ماشىنا ئىقتىدارلىرىنى نورمال ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

■ئۆز ئالدىڭىزغا مەھسۇلاتنى چۇۋۇماڭ. مەھسۇلاتنىڭ كاشىلا كۆرۈلسە شىركىتىمىزنىڭ سىز تونۇشلۇق جايدىكى مۇلازىمەت مەركىزىگە ئاپىرىپ رېمونت قىلدۇرۇڭ.

■بۇ مەھسۇلاتتا پەلەش ساقلىغۇچى ئارقىلىق ماتېرىياللارنى ساقلاپ قويغىلى بولىدۇ. بىراق كۈچلۈك ئوتتا قىزدۇرۇلسا، سىرتقى زەربىگە ئۇچرىسا ياكى ئېلېكتر بېسىمىنىڭ تەسىرىدە ماتېرىياللار بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا مۇھىم ماتېرىياللىرىڭىزنى ئايرىم زاپاسلىۋېلىڭ، مەشغۇلات مۇۋاپىق بولماسلىق، رېمونت قىلىش ياكى باشقا ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن ماتېرىياللار يوقاپ كەتسە، ئۆچۈرۈلۈپ كەتسە، شىركىتىمىز مەسئۇل بولمايدۇ.

■ئېكران يۈزىگە توپا قونۇۋېلىپ قەلەم بىلەن ئېكران يۈزىگە خەت يېزىشقا تەسىر كۆرسىتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئېكران يۈزىنى پاكىز، يۇمشاق لاتا ياكى

قەغەز بىلەن بوش سۈرتۈڭ. (بېنزىن قاتارلىق ئۇچۇچان سۇيۇقلۇقلار بىلەن سۈرتۈشكە بولمايدۇ )

■ SD/MMC كارتىسىنى ئۈسكۈنىگە قوپاللىق بىلەن ئېلىپ-سېلىپ، تەتۈر سېلىپ ئۈسكۈنە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا شىركىتىمىز مەسئۇل بولمايدۇ.

■ باتارېيىنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ ئىشلەتكىلى بولمىغان ۋاقىتتا، يېڭى باتارېيە ئالماشتۇرۇڭ، ھەمدە كونا باتارېيىنى يىغىۋېلىنىدىغان ئەخلەتلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىڭ.

**2. توك مەنبەسى توغرىسىدىكى بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار:**

بۇ مەھسۇلاتقا يانفوننىڭ توك قاچىلاشقا بولىدىغان لىتىيلىق ئۇنىۋېرسال باتارېيە ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ئەسلى زاۋۇت سەپلەپ بەرگەن زەرەتلىگۈچ ئارقىلىق توك قاچىلاش ئېلىپ بېرىڭ. بىرىنچى قېتىم توك قاچىلىغاندا ئاۋۋال ئەسلىدە بار بولغان توكنى تولۇق تۈگىتىۋېتىپ ئاندىن توك قاچىلاڭ، تۇنجى قېتىمدا ئادەتتە 8 سائەت توك قاچىلاڭ (زەرەتلەڭ)، باشقا خىل ئەھۋالدا توك قاچىلاش ۋاقتىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بېكىتسىڭىز بولىدۇ. ئەگەردە مەھسۇلاتنى ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەتمىسىڭىز، باتارېيىگە تولۇق توك قاچىلاپ قويۇڭ.

**باتارېيىنىڭ تېخنىكىلىق پارامېترى:**

بەلگىلەنگەن سىغىمچانلىقى: 1200mAh

ئۆلچەملىك توك بېسىمى: 3.8V

ئەڭ يۇقىرى توك بېسىمى چېكى: 4.2V

■ باتارېيەنى مەھسۇلاتقا مۇسبەت، مەنپىي قۇتۇبى بويىچە توغرا سېلىڭ.

■ باتارېيەنى ئاۋايلاپ ئىشلىتىڭ، مېتال بۇيۇملار ( سىم، قىسقۇچ) بىلەن باتارېيەنىڭ مۇسبەت، مەنپىي قۇتۇبىنى تۇتاشتۇرسىڭىز باتارېيە ماس بولۇپ قېلىپ، باتارېيە كاردىن چىقىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدىن ساقلىنىڭ.

■ باتارېيەنى ئوتقا سالماڭ، شۇنداقلا يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق مۇھىتتا قويماڭ؛ باتارېيەنى سۇ ياكى ئورگانىك ئېرىتمىلەر بىلەن تازىلىماڭ، ۋە شۇنداقلا باتارېيەنى سۇ ئىچىگە سالماڭ.

■ باتارېيەنى چۇۋۇشقا، ئۆزگەرتىشكە، قاتتىق نەرسىلەر بىلەن تېششىكمۇ بولمايدۇ.

■ ئەگەردە ھەر قانداق غەيرى پۇراق، قىزىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، دەرھال باتارېيەنى ماشىنىدىن چىقىرىۋېتىپ ئىشلىتىشتىن توختىتىڭ. باتارېيەدە چاك پەيدا بولۇپ، شەكلى ئۆزگىرىش، كۆپۈۋېلىش ۋە باشقا خىل بۇزغۇنچىلىقلار كۆرۈلسە، ياكى باتارېيە سۇيۇقلۇقى ئېقىپ كەتسە، دەرھال باتارېيەنى

ئىشلەتمەڭ.

■ باتارېيە سۇيۇقلۇقى ئېھتىياتسىزلىقتىن تېرىگە ياكى كىيىمگە تېگىپ كەتسە، دەرھال سوپۇن ياكى سۇ بىلەن يۇيۇۋېتىڭ. كۆزگە كىرىپ كېتىپ قالسا سۇ بىلەن پاكىز يۇيۇۋېتىڭ، ھەمدە دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ.

■ باتارېيە توك قۇۋۋىتىنى ئېكراندىكى باتارېيە ئايكونىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ، ياكى ئېكران سول تەرىپىدىكى باتارېيە ئايكونىنى چېكىپ باتارېيەنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى كۆرگىلى بولىدۇ. باتارېيە ئايكونى ▭ ھالەتكە ئۆزگەرسە باتارېيە قۇۋۋىتىنىڭ تۆۋەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، تۆرلۈك ئىقتىدارلارنى نورمال ئىشلىتىش ئۈچۈن ۋاقتىدا توك تولۇقلاڭ.

**باتارېيەنى ئۈسكۈنىگە قاچىلاش:**

1. باتارېيە قاپقىقىنى ئاستا ئېچىڭ.

2. باتارېيىنىڭ خەت بېسىلغان تەرىپىنى ئۈستىگە قىلىپ، باتارېينى سالىمىز. باتارېينىڭ مۇسبەت-مەنپىي قۇتۇپىنى باتارېيە ئوقۇرىدىكى ئورۇنغا توغرا ئۇدۇللاشتۇرىمىز.

3. باتارېيە قاپقىقىنى يەڭگىل ئىتىمىز.

**باتارېينى چىقىرىش:**

1. باتارېيە قاپقىقىنى ئاچىمىز.

2. بارماق بىلەن باتارېيە بىر تەرىپىدىكى تىرناق كىرگۈزىدىغان ئورۇندىن ئۈستىگە تارتىپ باتارېينى چىقىرۋالساق بولىدۇ.

**دىققەت:**

■ تىپى ماس كەلمەيدىغان باتارېيەنىڭ پارتلاش خەۋپى بار؛ كونا، كېرەكسىز باتارېيەنى چوقۇم تاشلاندۇق بۇيۇملارنى يىغىۋېلىش ئورنىدا بىر تەرەپ قىلىڭ.

■ توك قاچىلىغۇچ بىلەن ئۈسكۈنىگە توك قاچىلىغان ۋاقتىڭىزدا، ئەگەردە باتارېيەنى چىقىرىۋەتسىڭىز، توك بىلەن تەمىنلەش ھالىتىگە ئۆتىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ماتېرىيال ساقلىسىڭىز، ماتېرىيالنىڭ ئوڭۇشلۇق ساقلىنىشى ئۈچۈن ماتېرىيال ساقلىنىپ بولغاندىن كېيىن توك قاچىلىغۇچنى تارتىۋېتىڭ. غەيرى ئەھۋاللارنىڭ كۆرۈلۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، توك قاچىلىغان ۋاقتىڭىزدا باتارېيەنى چىقىرىۋەتمەڭ، چۈنكى باتارېيە بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا يانداش ئۆگەتكۈنىڭ نورمال ئىشلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

■ باتارېيە قاپقىقىنى چىڭ ئەتكەندىن كېيىن ئاندىن مەشغۇلات قىلىڭ.

ماشىنىنى ئۆچۈرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، توكنى ئۈزۈۋەتمەڭ، بولمىسا سانلىق مەلۇماتلار يوقاپ كېتىشى مۇمكىن.

■ ئۇسكۇنىگە سەپلەپ بېرىلگەن باتارېيەگە پەقەت مۇشۇ ئۇسكۇنىدە توك قاچىلاشقا بولىدۇ، خاتا ئۇسۇلدا توك قاچىلاپ زىيان چىقىشتىن ساقلىنىڭ.

■ بۇ ئۇسكۇنىگە NOKIA ماركىلىق BL—5C (900mAH) لىك ياكى BL—4C (700mAH) لىك باتارېيەنى ئورتاق ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئەسلى زاۋۇت سەپلەپ بەرگەن باتارېيەنى ئىشلىتىشىڭىزنى كۈچلۈك تەۋسىيە قىلىمىز، باشقا ئۆلچەمسىز باتارېيەلەرنى ئىشلەتكەندە تاساددىپىي زىيان كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

**3. ساقلىغۇچ كارتا (SD كارتا) نى ئىشلىتىش ئۇسۇلى :**

ساقلىغۇچ كارتىنى ئىشلىتىشتىن ئاۋۋال ساقلىغۇچ كارتىنىڭ ئىشلىتىش قوللانمىسىنى كۆرۈپ چىقىڭ. (نۆۋەتتە بازاردا سېتىلىۋاتقان ساقلىغۇچ كارتىلارنىڭ سۈپىتى بىر دەك ئەمەس بولۇپ، ئۇسكۇنىمىزگە بازاردىكى كارتىلارنىڭ ھەممە خىلى ماس كېلىدۇ دەپ كاپالەت بېرەلمەيمىز، شۇڭا ھەقىقىي نەشرلىك، تاۋار ماركىسى بېسىلغان ساقلىغۇچ كارتىنى ئىشلىتىڭ)

ساقلىغۇچ كارتا ئۇستىدىكى ئىسترېلكا يۆنىلىشى بويىچە كارتىنى ئوقۇرغا كىرگۈزۈڭ.

كارتىنى كىرگۈزگەندە "كىرت" قىلغان ئاۋاز چىقىدۇ، بۇ كارتىنىڭ دەل جايىغا سېلىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

كارتىنى چىقارغاندا پەقەت كارتىنى يېنىككە باسساقلا، كارتا ئۆزلۈكىدىن سىرتقا بىر ئاز يېنىپ چىقىدۇ، بۇ چاغدا ئاستا تارتىۋالساقلا بولىدۇ.

ئۇسكۇنە سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقاندا، يەنى ئۆچۈرۈش / ساقلاش / چۈشۈرۈش / چىقىرىش / فورماتلاش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا كارتىنى تارتىۋەتمەڭ، بولمىسا سانلىق مەلۇماتلار بۇزۇلۇپ كېتىشى، ھەتتا ساقلىغۇچ كارتا بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. كارتىنى ئۇزۇن مەزگىل ئىشلەتمىسىڭىز ئۇسكۇنىدىن چىقىرىۋېتىڭ.

**4. لۇغەت كۆچمە دىسكىسىنى كومپيۇتېرغا ئۇلاش (U دىسكىنى ئۇلاش)**

USB سىمى ئارقىلىق ماشىنىنى PC كومپيۇتېرغا ئۇلىغاندىن كېيىن كومپيۇتېردىن ماتېرىيال چۈشۈرگىلى ھەمدە ياندىش ئۈگەتكۈ ئىچىدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى كومپيۇتېرغا زاپاس ساقلىغىلى، ئۆچۈرگىلى بولىدۇ.

USB سىمى ئارقىلىق ماشىنىنى PC كومپيۇتېرغا ئۇلىغاندىن كېيىن U-DISK ياكى ئېكراندىن [U دىسكا] نى بېسىش ئارقىلىق U دىسكا بىلەن PC كومپيۇتېرى ئۆزئارا ئۇلىنىدۇ.

**ماتېرىيال چۈشۈرۈش**

PC كومپيۇتېردا كۆچمە دىسكىنى ئېچىپ، سىزگە كېرەكلىك ھۆججەتنى

U دىسكىغا كۆچۈرسىز. ماتېرىيال كۆچۈرۈش داۋامىدا ئۈلىنىشنى ئۈزۈۋەتمەڭ، بولمىسا ماتېرىياللار يوقاپ كېتىشى مۇمكىن.

**ماتېرىياللارنى زاپاسلاش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش**

شەخسلەر ياردەمچىسى ئىچىدىكى خاتىرىلەرنى، كۆچمە دىسكىدىكى SYSTEM مۇندەرىجىسى ئىچىگە ماس ھۆججەت قىلىپ خاتىرىلەپ ماڭدىغان بولۇپ، ئىشلەتكۈچى ئۆزىگە كېرەكلىك ھۆججەتنى PC كومپيۇتېرغا زاپاس ساقلىۋالسا بولىدۇ.

كۈنپۈتۈك ھۆججىتى DIARY.DBD

ئىشتەيىن ھۆججىتى SCHE.DBD

ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پەقەت شۇ ھۆججەتنى U دىسكا SYSTEM مۇندەرىجىسى ئىچىگە كۆچۈرۈپ قويسىلا بولىدۇ.

سەممىي ئەسكەرتىش: تېلىفونۇمۇر دەپتىرى، خاتىرە دەپتەر، كۈنپۈتۈك، شەخسىي ھېسابات قاتارلىق بۆلەكلەرنىڭ ھۆججەت نامىنى سىستېما ئۆزى بەلگىلەيدىغان بولۇپ، ھۆججەت نامى ئۆزگەرتىلسە ئۇسكۈنىدە كۆرگىلى بولمايدۇ.

**سىستېمىنى ئەلالاشتۇرۇش**

بۇ ماشىنا ھەقسىز ئەلالاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، شىركىتىمىز تەمىنلىگەن ئەلالاشتۇرۇش ھۆججىتىنى بىۋاستە ماشىنا كۆچمە دىسكىسىنىڭ غول مۇندەرىجىسىگە كۆچۈرۈپ، ماشىنىنى قايتىدىن قوزغاتساق ئۆزلىكىدىن ئەلالاشتۇرۇلىدۇ.

سەممىي ئەسكەرتىش: ئەلالاشتۇرۇش ھۆججىتىنى شىركىتىمىزنىڭ تور بېكىتى http://www.muallim.cn دىن چۈشۈرسىڭىز بولىدۇ. ئەلالاشتۇرۇش ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىت كېتىدۇ، سەۋرچانلىق بىلەن ساقلاڭ، ئەلالاشتۇرۇش داۋامىدا توكنى ئۈزۈۋەتمەڭ.

**ئۈلىنىشنى ئۈزۈش**

U دىسكىنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن، PC كومپيۇتېردىن U دىسكىنى بىخەتەر ھالەتتە ئاجرىتىڭ، بۇ چاغدا « ئۈسكۈنە بىخەتەر ھالەتتە ئاجرىتىلدى» دېگەن ئۇچۇر چىقىدۇ، شۇ چاغدا USB سىمىنى ئاجرىتىۋەتسىڭىز بولىدۇ.

سەممىي ئەسكەرتىش: Windows2000، WindowsXP، Windows2003 قاتارلىق مەشغۇلات سىستېمىلىرىدا سىزنىڭ U دىسكا قوزغاتقۇچ پروگراممىسىنى قاچىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئەگەردە Windows98 ئىچىدە ئىشلەتكەندە، U دىسكا قوزغاتقۇچ پروگراممىسىنى قاچىلىشىڭىز كېرەك.

**دىققەت:**

(1) U دىسكىدىن ماتېرىيال كۆچۈرۈش داۋامىدا، سانلىق مەلۇماتلارنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن PC كومپيۇتېردىن ئۈلىنىشنى ئۈزۈۋەتمەڭ.

(2) PC كومپيۇتېردىن ئۈلىنىشنى ئۈزگەندە چوقۇم بىخەتەر ھالەتتە قاتتىق دېتالنى ئۈزۈڭ، بولمىسا سانلىق مەلۇماتلار بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن.

(3) ئۈلىنىشنى ئۈزگىلى بولمىغان ئەھۋالدا، ئالدى بىلەن ئېچىقلىق ھۆججەت ۋە ھۆججەت مۇندەرىجىلىرىنى تاقىغاندىن كېيىن ئاندىن مەشغۇلات قىلىڭ.

(4) بەزىدە PC كومپيۇتېردىن لۈغەتنى بىخەتەر ئۈزگىلى بولماي قېلىشى مۇمكىن، بۇ سىستېمىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئالاقىلىشىشكە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، بۇ چاغدا بىر ئازدىن كېيىن قايتا سىناپ بېقىڭ.

ئەگەردە بەلگىلەنگەن ئاپتوماتىك ئۆچۈش ۋاقتى ئىچىدە ھېچقانداق مەشغۇلات قىلمىسىڭىز، ئۆزلۈكىدىن ئۆچىدۇ. بۇ ئەھۋالدا On/Off كۇنۇپكىسىنى باسسىڭىز، ماشىنىنى قايتىدىن قوزغاتقىلى بولىدۇ. ئەگەردە پەقەت ئېكران چىرىغى ئۆچۈپ، توك تىجەش ھالىتىگە ئۆتكەن بولسا، خالىغان كۇنۇپكىنى باسسىڭىز ياكى قەلەم بىلەن ئېكراننى چېكىپ قويسىڭىز، نورمال ھالىتىگە قايتىدۇ.

ماتېرىيال كىرگۈزۈۋېتىپ ياكى تەھرىرلەۋېتىپ، قەلەم بىلەن ئېكراننىمۇ چەكمىسىڭىز ياكى كۇنۇپكا باسمىسىڭىز، بەلگىلەنگەن ئاپتوماتىك ئۆچۈش ۋاقتى توشقاندا، ماشىنا ماتېرىياللارنى ئاپتوماتىك ھالدا ساقلاپ ئاندىن ئۆچىدۇ.

ئەگەردە قوشغۇراق تەڭشەلگەن بولسا، ئۈسكۈنە ئېتىلگەن بولسىمۇ، بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشقاندا قوڭغۇراق يەنىلا سايراۋېرىدۇ.

ئىزاھات: [سىستېما] بۆلىكى ئىچىدىكى [توك مەنبە] تۈرى ئارقىلىق "ماشىنا ئۆچۈش ۋاقتى" ۋە " ئېكران چىرىغى ۋاقتى" نى بەلگىلىسىڭىز بولىدۇ.

## 5. Reset نى ئىشلىتىش ئۇسۇلى

ئۈسكۈنە نورمال ئىشلىمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، Reset نى بېسىش ئارقىلىق سىستېمىنى دەسلەپلەشتۈرگىلى بولىدۇ. Reset كۇنۇپكىسى بېسىلسا سىستېما دەسلەپكى ھالەتكە قايتىپ، سىستېما بەلگىلەش ئىچىدىكى تەڭشەكلەر ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، شۇڭا بۇ ئىقتىدارنى ئىشلەتكەندىن كېيىن [سىستېما] ئىچىدىكى بەلگىلەش تۈرلىرىنى قايتىدىن تەڭشەڭ. ( بۇ ئىقتىدارنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلىتىڭ.)

## 6. ئاددىي كاشىلىلارنى بىر تەرەپ قىلىش

| كاشىلىلار | كاشىلا سەۋەبى | تۈگىتىش ئۇسۇلى |
|---|---|---|
| ماشىنا قوزغالماسلىق | باتارېيە خاتا سېلىنغان | باتارېيەنى قايتا سېلىش |
| | باتارېيە قۇۋۋىتى تۆۋەن | باتارېيەنى زەرەتلەش |
| ئۆزلۈكىدىن ئۆچۈپ قېلىش | باتارېيە قۇۋۋىتى تۆۋەن ياكى ئاپتوماتىك ئۆچۈش ۋاقتى توشقان | باتارېيەنى زەرەتلەش ياكى قايتىدىن قوزغىتىش ۋە ياكى ئاپتوماتىك ئۆچۈش ۋاقتىنى بەلگىلەش |
| ماتېرىيال چۈشۈرگىلى ياكى چىقارغىلى بولماسلىق | USB سىمى ياخشى ئۇلانمىغان | USB سىم ئىككى بېشىنى ياخشى ئۇلاش |
| | USB سىمى بۇزۇلغان | يېڭى USB سىم ئالماشتۇرۇش |
| | U دىسكا توشۇپ كەتكەن | بەزى ھۆججەتلەرنى ئۆچۈرۈپ سىغىمنى بىكارلاش |
| ھۆججەتنى ئاچقىلى بولماسلىق | ھۆججەت شەكلىنى قوللىمىغان | چۈشۈرۈلگەن ھۆججەت فورماتىنىڭ ماشىنىغا ماس كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقىنى تەكشۈرۈش |
| MP3 ھۆججىتىنى قويغىلى بولماسلىق | باتارېيە قۇۋۋىتى تۆۋەن | باتارېيەنى زەرەتلەش |
| | MP3 ھۆججەت شەكلىنى قوللىمىغان | MP3 ھۆججەت شەكلىنى قايتا تەكشۈرۈش |
| ۋاقىت توغرا ئەمەس | ۋاقىت توغرىلانمىغان | سىستېما ۋاقتىنى توغرىلاش |
| ئېكراننى توغرا چەككىلى بولماسلىق | قەلەم ئورنى توغرا بەلگىلەنمىگەن | سىستېما بەلگىلەشكە كىرىپ قەلەم ئورنىنى قايتىدىن توغرىلاش |
| مەشغۇلاتتا نورمالسىزلىق كۆرۈلۈش ياكى قېتىۋېلىش | مەشغۇلات خاتا بولۇش تۈپەيلى سىستېمىدا خاتالىق كۆرۈلگەن | Reset كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش |
| | سىستېما بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان | مۇئەللىم تور بېكىتىگە كىرىپ ئەڭ يېڭى پروگراممىنى ئەلالاشتۇرۇش |

# 1. باب ئىشلىتىش ئۇسۇلى

## 1-1 مەھسۇلات ئىقتىدارىنى تونۇشتۇرۇش

ماشىنا ئالدى قاپقىقنى ئۈستىگە قايرىپ ئېچىپ، مەنبە كۇنۇپكىسىنى باسسىڭىز ماشىنا قوزغىلىدۇ. باش كۆزنەك ھالىتىدە [چېكىنىش] كۇنۇپكىسىنى باسسىڭىز ئۈستەل يۈزىگە قايتىدۇ. تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك:




**ئۇنىۋېرسال ئىزدەش**

خەنزۇچە، ئەرەبچە، رۇسچە، قازاقچە، ياپونچە، تۈركچە، ئۇيغۇرچە ۋە ئىنگلىزچە لۇغەتلەردىن سۆز ئىزدىگىلى بولىدۇ.

**خاس رەسىم**

خاس رەسىم سىن بەلگە كاتەكچىسىنى چېكىپ، رەسىم بەلگىلەش كۆزنىكىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىڭىز ياقتۇرىدىغان رەسىمنى تاللاپ، خاس رەسىم قىلىشقا بولىدۇ؛ رەسىم بەلگىلەنگەندىن كېيىن، رەسىمنى چېكىپ كۆرۈشكە بولىدۇ.

**ئۆگىنىش پىلانى**

ئۆگىنىش پىلانى سىن بەلگىسىنى چېكىپ، ئۆگىنىش پىلانىنى بەلگىلەش كۆزنىكىگە كىرگىلى بولىدۇ، بۇ كۆزنەكتە بىر ياكى ئىككى تۈرگە بەلگە قويۇپ، تېز ئىجرا شەكلىنى ئۆگىنىش پىلانىغا قوشۇشقا بولىدۇ ھەمدە ئۈستەل يۈزى ئۆگىنىش پىلانىدىكى تېز ئىجرا شەكلىنى چېكىپ، ماس بۆلەككە كىرگىلى بولىدۇ.

**ۋاقىت**

ۋاقىتنى چېكىپ، ۋاقىتنى ئۆزگەرتىش كۆزنىكىگە كىرگىلى بولىدۇ.

**كالىندار**

ئوڭ تەرەپتىكى كالىندارنى چېكىپ، كالىندار ئىقتىدارىغا كىرگىلى بولىدۇ.

**دائىملىق قوراللار**

دائىملىق قورال سىن بەلگىسىنى چېكىپ، دائىملىق قورال بەلگىلەش

كــۆزنىكىگە كىرگىلــى بولــىدۇ. كونكرېــت مەشــغۇلاتتا [ئــۆگىنىش پىلانــى] مەشغۇلاتىدىن پايدىلىنىڭ.

**ھەر قايسى قىسىملارنىڭ ئىقتىدارىنى تونۇشتۇرۇش**

**ماشىنىنىڭ ئۇدۇل كۆرۈنۈشى:**




**ئوڭ يان تەرەپ، سول يان تەرەپ، ئارقا تەرەپ كۆرۈنۈشى:**




## 2-1 كىرگۈزۈش ئۇسۇلى

بۇ مەھسۇلاتتا ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، قازاقچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، رەقەم،

تــنش بەلگىلــرى ھەمــدە يــاپونچە، رۇســچە، تــۈركچە كىرگــۈزۈش ئۇســۇلى تەمىنلەنگەن بولۇپ، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، رۇسچە ۋە رەقەملەرنى قەلەم ئارقىلىق يېزىپ كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى ئالماشتۇرۇش: [كىرگۈزگۈچ] كۇنۇپكىسىنى باسساق، كىرگۈزگۈچ تىزىملىكى ئېچىلىدۇ. ▼ ▲ ئارقىلىق كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى تاللىغىلى بولىدۇ.

تەھرىــرلەش يــاكى كىرگــۈزۈش ھالىتــدە ئېكرانــدىن ⌨ نــى چەكســەك، يۇمشاق كۇنۇپكا تاختىسى ئېچىلىدۇ، كىرگـۈزۈش ئۇسـۇلى ئـايكوننى چەكسـەك كىرگۈزۈش ئۇسۇلى تىزىملىكى چىقىدۇ، بۇ ئارقىلىق كىرگـۈزۈش ئۇسـۇلى يۇمشـاق كۇنۇپكىســنى ئالماشــتۇرغىلى بولىــدۇ. ئــادەتتە ھەر بىــر لــۇغەت خــاراكتېرگە ئاساســەن كىرگــۈزۈش ئۇســۇلى مۇقىملاشــتۇرۇۋېتىلگەن بولــۇپ، كىرگۈزگــۈچ ئاپتوماتىــك تاللىنىــدۇ، باشــقا كىرگۈزگــۈچلەرنى تاللاشــقا بولمايــدۇ. يــاردەمچى بۆلىكىنىڭ خاتىرە قىسىملىرىدا ھەر خىل كىرگۈزگـۈچلەرنى تـاللاپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

### 1-2-1 ئۇيغۇرچە كىرگۈزگۈچ

#### ئۇيغۇرچە كۇنۇپكا تاختىسى

ئۇيغۇرچە ھەرپلەر ۋە سانلارنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇيغۇرچە كىرگۈزگىلى بولىدۇ.







ئۇيغۇرچە↑ نى باسقاندا كىرگۈزگۈچ تاللاش رامكىسى چىقىدۇ.

كۇنۇپكىسىنى بېسىپ چوڭ-كىچىك يېزىلىشنى ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ.

⇦ نى بېسىش ئارقىلىق نۇر بەلگە ئالدىدىكى ھەرپ-بەلگىنى ئۆچۈرۈشكە بولىــدۇ، ئۆچـۈرۈپ بولغانــدىن كېــيىن، نــۇر بەلــگە ئارقىســدىكى ھەرپ-بەلگىنــى ئۆچۈرىدۇ.

⏎ نى بېسىپ كىرگۈزۈشنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولىــدۇ، ئىقتىــدارى كۇنۇپكــا تاختىسىدىكى [مۇقىملاش] بىلەن ئوخشاش.

Space ئارقىلىق بوشلۇق قويۇشقا بولىدۇ.

✕ نى بېسىش ئارقىلىق يۇمشاق كۇنۇپكىنى تاقاشقا بولىدۇ.

CAPS كۇنۇپكىسىنى بېسىپ چوڭ يېزىلىش ھالىتىگە ئۆتكىلى بولىدۇ.

### 2-2-1 خەنزۇچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى

**خەنزۇچە پىنيىن كۇنۇپكا تاختىسى**




ھەرپ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ خەنزۇچە پىنيىن كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

پىنيىن بويىچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلىدىكى تون بەلگىسىنى كىرگۈزۈش: كىرگۈزۈش قۇرىدا پىنيىن بار ئەھۋالدا، يۇمشاق كۇنۇپكا تاختىسىدىن نى چەكسەك، ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1، 2، 3، 4-تونلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. نى چەكسەك يېنىك تونغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

مەسىلەن: پىنيىن ھەرپىنى كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن كۇنۇپكىسىنى باسساق، 2- تونلۇق نامزات خەتلەر چىقىدۇ. ( مەسىلەن: zhang )

كىرگۈزۈش قۇرىدا ھېچقانداق خەت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، Space كۇنۇپكىسىنى باسساق بوشلۇق قويۇلىدۇ، ئەگەردە كىرگۈزۈش قۇرىدا نامزات سۆزلۈكلەر بولغان بولسا Space نى باسساق بىرىنچى خەت تاللىنىدۇ.

خەنزۇچە بەش سىزىقلىق كىرگۈزۈش ئۇسۇلى




مەشغۇلات ئۇسۇلىنى مۇناسىۋەتلىك خەنزۇچە پىنيىن بويىچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىن پايدىلىنىڭ.

**بىرىكمە خەت كىرگۈزۈش**

ئەگەردە بايا تاللانغان خەتنىڭ دائىم ئىشلىتىلىدىغان بىرىكمە خېتى بار بولسا ( مەسىلەن سۆز، سۆز بىرىكمىسى، ئادەت سۆزلىرى، يەر-جاي نامى قاتارلىقلار) نامزات سۆزلۈكلەر قۇرىدا مۇشۇ خەتنىڭ بىرىكمە خەتلىرى كۆرۈنىدۇ. ئەگەردە بىرىكمە سۆزلىرى بولمىسا كىرگۈزگۈچ ھالىتىگە قايتىدۇ.

**3-2-1 ئىنگلىزچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى**

**ئىنگلىزچە ھەرپ، رەقەم كۇنۇپكىسى**

رەقەم ياكى ھەرپلەرنى بېسىش ئارقىلىق ئىنگلىزچە ھەرپلەرنى كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. تىنىش بەلگىلىرىنى بېسىش ئارقىلىق تىنىش بەلگىلىرىنى كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.




باشقا مەشغۇلاتلارنى خەنزۇچە پىنيىن بويىچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىڭ.

### 4-2-1 قەلەم بىلەن يېزىش ئۇسۇلى

يېرىم ئېكراندا يېزىش، پۈتۈن ئېكراندا يېزىش ھالىتى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك:







## 3-1 كۇنۇپكا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

| | |
|---|---|
| ⏻ | ماشىنىنى قوزغىتىش / ئېتىش مەنبە كۇنۇپكىسى |
| A~Z | ھەرپ كۇنۇپكىسى |
| 0~9 | رەقەم كۇنۇپكىسى |
| F1~F6 | تېز ئىجرا كۇنۇپكىسى |
| ▲▼ | [ئاست] [ئۈست] يۆنىلىش كۇنۇپكىسى |
| ◀▶ | [ئوڭ] [سول] يۆنىلىش كۇنۇپكىسى |
| ⏫⏬ | [ئالدىنقى بەت] [كېيىنكى بەت] ئاتلىتىش كۇنۇپكىسى |
| SHIFT | ھەرپ چوڭ-كىچىك يېزىلىشىنى ئالماشتۇرۇش كۇنۇپكىسى، يۇقىرى خوتقا ئالماشتۇرۇش كۇنۇپكىسى |
| 删除 | ھەرپ ئۆچۈرۈش، خاتىرە ياكى ھۆججەتنى ئۆچۈرۈش كۇنۇپكىسى |
| MENU | باش مۇندەرىجىگە قايتىش كۇنۇپكىسى |
| 输入法 | كىرگۈزگۈچ تاللاش كۇنۇپكىسى |
| 🔊 | سۆز ۋە جۈملىنى ئوقۇتۇش كۇنۇپكىسى |
| SAVE | خاتىرىنى ساقلاش كۇنۇپكىسى |
| ESC | نۆۋەتتىكى ئىقتىداردىن چېكىنىش كۇنۇپكىسى |
| TAB | نۇر بەلگە فوكۇسىنى ئالماشتۇرۇش كۇنۇپكىسى |

| | |
|---|---|
| كۆچمە دىسكىنى تېز سۈرئەتتە كومپيۇتېرغا ئۇلاش كۇنۇپكىسى | USB |
| بوشلۇق كۇنۇپكىسى | SPACE |
| مۇقىملاش كۇنۇپكىسى | ENTER |

### SHIFT ئىقتىدار كۇنۇپكىلىرى

| | |
|---|---|
| چوڭ يېزىلىشنى قۇلۇپلاش (CAPS نى قۇلۇپلاش) | SHIFT+SHIFT |
| تىنىش بەلگىلىرىنى كىرگۈزۈش | SHIFT+0~9 |
| ئارقىمۇئارقا تاللاش (ئۇلاپ تاللاش) | ▶ + SHIFT |
| سىستېما ياردەم ئۇچۇرىنى كۆرۈش | SHIFT+TAB |
| سىستېما تىلىنى ئۇيغۇرچە، قازاقچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە تۆت تىل ئوتتۇرىسىدا دەۋرىي ئالماشتۇرۇش | SHIFT+MENU |
| تەكرار ئوقۇشنى ئىجرا قىلىش | SHIFT+跟读 |
| خەت نومۇرىنى ئۆزگەرتىش | SHIFT+SAVE |

## 4-1 سېزىمچان ئېكران ئىقتىدار كۇنۇپكىلىرى




## 5-1 سىستېما ياردەم ئۇچۇرى

مۇناسىۋەتلىك ئىقتىدار بۆلەكلىرىگە كىرگەن ھالەتتە، SHIFT+ TAB نى بېسىش ئارقىلىق سىستېما ياردەم ئۇچۇرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

# 2- باب لۇغەت ئىقتىدارى

**لۇغەت ئىقتىدارى مۇندەرىجىسى تۆۋەندىكىدەك:**




## 1-2 ئۇنىۋېرسال ئىزدەش

ئۇنىۋېرسال ئىزدەش ئىقتىدارىدا ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، قازاقچە، ياپونچە، خەنزۇچە، تۈركچە، رۇسچە ۋە ئىنگلىزچە لۇغەتلەر ئارىسىدا سۆزلۈك ئىزدەشكە بولىدۇ.

### 1-1-2 لۇغەت تۈرىنى تاللاش

ئۇنىۋېرسال ئىزدەش بۆلىكىگە كىرىپ لۇغەت تۈرىنى تاللاش رامكىسىنى چېكىمىز، رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك:




ئېكراندىن ▼ بەلگىسىنى چېكىش ياكى كۇنۇپكا تاختىسىدىن بېسىش ئارقىلىق لۇغەت تىزىملىكىنى ئاچقىلى، ▼ ▲ بېسىش ئارقىلىق تاللاش ئېلىپ بارغىلى، ھەرپلەرنى بېسىش ئارقىلىق سۆزلۈكنى كىرگۈزۈشكە، F1 نى لۇغەت كۆرۈنىشىنى بەلگىلەش كۆزنىكىگە كىرگىلى، ENTER نى بېسىش ئارقىلىق ئىزدەلگەن تۈرنىڭ لۇغەت ئىندېكس كۆزنىكىگە كىرگىلى بولىدۇ.

### 2-1-2 ئۇنىۋېرسال ئىندېكس

ئىزدەش تىل تۈرىنى تاللىغاندىن كېيىن، ENTER نى باسقاندا سۆزلۈكنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىندېكس تىزىملىكىگە كىرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن،

ئىنگلىزچىنى تاللاپ ENTER باسقاندا، بارلىق ئىنگلىزچە لۇغەتلەرنىڭ ئىندېكس كۆزنىكىگە كىرگىلى بولىدۇ، رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك:




ئېكران يۇزىدىن ياكى كۇنۇپكا تاختىسىدىن F1 كۇنۇپكىسىنى باسقاندا لۇغەت كۆرۈنۈشىنى بەلگىلەش كۆزنىكىگە كىرگىلى بولىدۇ. مەزمۇن كىرگۈزگەندىن كېيىن ENTER كۇنۇپكىسىنى باسقاندا سۆزلۈك ئىزاھاتىغا كىرگىلى بولىدۇ.

ئىزدەش نەتىجىسى كۆزنىكىدە، ▲ ▼ ⏫ ⏬ كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ ياكى چېكىپ زىيارەت قىلغىلى بولىدۇ.

## 2-2 ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

### 1-2-2 كىرگۈزۈش كۆزنىكى

ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتىنىڭ كىرگۈزۈش كۆزنىكىگە كىرىمىز:




ھەرپ كىرگۈزۈش ئارقىلىق لۇغەتنىڭ ئىندېكس كۆزنىكىگە كىرگىلى بولىدۇ. [F1] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ لۇغەت كۆرۈنۈشىنى بەلگىلەش كۆزنىكىگە كىرگىلى بولىدۇ. [F2] نى بېسىپ ئىزدەش خاتىرىسى تىزىملىكىگە كىرگىلى بولىدۇ. [F3] نى بېسىپ خام سۆزلەر ئامبىرىغا كىرگىلى بولىدۇ. ESC نى بېسىپ باش مۇندەرىجىگە قايتقىلى بولىدۇ. ئىندېكس كۆزنىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك:




## 2-2-2 لۇغەت كۆرۈنۈشنى بېكىتىش




ئېكران يۇزىدىن ياكى كۇنۇپكا تاختىسىدىن ▼ ▲ نى بېسىپ بەلگىلەش تۈرىنى تاللىغىلى، ▼ ▲ نى بېسىش ئارقىلىق نۇر بەلگە ئورنىنى يۆتكەشكە بولىدۇ؛ ENTER كۇنۇپكىسىنى بېسىپ بەلگىلىگەننى ساقلاپ چېكىنىپ چىقىشقا؛ ESC نى بېسىپ بەلگىلىگەننى ساقلىماي چېكىنىپ چىققىلى بولىدۇ.

## 3-2-2 ئىندېكس

ھەرپ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ سۆزلۈك كىرگۈزۈشكە؛ ENTER نى بېسىپ تاللانغان سۆزلۈكنىڭ ئىزاھات كۆزنىكىگە كىرگىلى؛ F1 نى بېسىپ لۇغەت كۆرۈنۈشنى بەلگىلەش كۆزنىكىگە كىرگىلى؛ F2 نى بېسىپ ئىزدەش خاتىرىسى تىزىملىكىگە كىرگىلى؛ F3 نى بېسىپ لۇغەت خام سۆز ئامبىرىغا كىرگىلى بولىدۇ.

## 4-2-2 سۆزلۈك ئىزاھاتىنى كۆرۈش

كۇنۇپكا تاختىسىدىن ياكى ئېكران يۇزىدىن ▼ ▲ كۇنۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق قۇر ئاتلاپ سۆزلۈك ئىزاھاتىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ENTER ياكى SPACE كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ئىزاھاتنى بەت ئاتلىتىپ كۆرگىلى بولىدۇ. ▼ ▲ نى بېسىپ ئالدى-كەينىدىكى سۆزلۈكنىڭ ئىزاھاتىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. Shift + SAVE كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى ئېكران يۇزىدىن $A^A$ نى چېكىپ خەتنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. ئەگەردە سۆزلۈكنىڭ تەلەپپۇزى بېرىلگەن بولسا، 🔊 كۇنۇپكىسىنى بېسىپ سۆزلۈكنى ئوقۇتقىلى بولىدۇ. SHIFT +

跟读 نـى بېسـپ تەكـرار ئوقـۇتقلى بولـدۇ. ئەگەردە سـۆزلۈكنىڭ گىراماتىكـا خاسلىق تۈرلىرى بولسا ماس خاسلىق كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ كۆرگىلى بولىدۇ.




### 2-2-5 تەتۈر ئىزدەش ئىقتىدارى

ئىزاھات كۆز يۈگۈرتۈش ھالىتىدە، ▶ يۆنىلىش كۇنۇپكىسىنى بېسىپ مەلۇم خەنزۇچە خەت ( ئۇيغۇرچىدا، قازاقچىدا، ئىنگلىزچىدا مەلـۇم سـۆز) نـى تـاللىغلى بولىدۇ؛ SHIFT + ▶ نـى بـىرگە بېسـىپ بـىر قـانچە سـۆزنى قوشـۇپ تـاللىغلى بولىدۇ. سۆز تاللانغاندىن كېيىن ENTER كۇنۇپكىسىنى بېسىپ، كۆپ لۇغەتلەر ئارىسـىدا ئىزدىگىلـى بولـدۇ. ESC كۇنۇپكىسـىنى بېسـىپ ئىزاھـات كـۆزنىكىگە قايتقلى بولىدۇ.

### 2-2-6 ئىزدەش خاتىرىسى

سۆزلۈك ئىندېكس كۆزنىكىدە [F2] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تـارىخىي خـاتىرە تىزىملىكىگە كىرىپ، يېقىندا ئىزدەلگەن سۆزلۈكلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ؛ ⏫ ▼ ▲ ⏬ نى بېسىپ سۆزلۈكنى تـاللىغلى، ENTER كۇنۇپكىسـىنى يـاكى مـاس رەقەم كۇنۇپكىسىنى بېسىپ مۇناسىپ باش سۆزلۈكنىڭ ئىزاھاتىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

### 2-2-7 مۈجمەل ئىزدەش

ئەگەردە مەلـۇم سـۆزلۈكنىڭ پەقەت بـىر قـانچە ھەرپـى يـادىڭىزدا بولغـان بولسـا، " ؟ " نـى بـىر ھەرپـكە، "*" نـى كـۆپ ھەرپـكە ۋەكـىل قىلىـپ، مۈجمەل ئىزدەش ئىلىپ بارالايسىز. تەركىبىـدە ؟ ۋە * بولغـان ھەرپلەرنـى كىرگۈزگەنـدىن كېـيىن ENTER كۇنۇپكىسـىنى باسسـىڭىز، بۇنىڭغـا مۇناسـىپ سـۆزلۈكلەرنى ئىزدەيـدۇ. ⏬ ⏫ نـى بېسـىپ ئالـدى-كەينـدىكى مـاس سـۆزلۈكلەرنى كۆرۈشكە بولىدۇ. ESC كۇنۇپكىسىنى بېسىپ كىرگۈزۈش ھالىتىگە قايتقلى بولىدۇ.

### 2-2-8 ياردەم

? ئايكوننى چېكىپ ياكى SHIFT+TAB نى بېسىپ سىستېما يـاردەم ئۇچـۇرى كـۆزنىكىنى ئـاچقلى، TAB نـى بېسـىپ تـۈرلەرنى تاللاشـقا؛ ▼ ▲ نـى بېسىپ مەزمۇننى كۆرۈشكە، ⏬ ⏫ ئـارقىلىق بەت ئـاتلاپ كۆرۈشـكە، 🔊 نـى بېسىپ يـاردەم مەزمـۇننى ئوقۇتۇشـقا بولـدۇ. (پەقەت ئىنگلىـزچە ۋە خەنزۇچىغـا

قارىتىلغان)

## 3-2 ئۆز سۆزلۈك

ئۆز سۆزلۈك ئىقتىدارى ئارقىلىق ئىشلەتكۈچىلەر ئۆزى سۆزلۈك ۋە ئىزاھاتىنى كىرگۈزۈپ لۇغەتتە ساقلاپ قويالايدۇ. ھەممە بۇ سۆزلەرگە قارىتا يېڭىدىن كۆپەيتىش، تۈزىتىش، ئىزدەش، ئۆچۈرۈش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارالايدۇ. كونكرېت مەشغۇلاتى “تېلنومۇر” ئىقتىدارى بىلەن ئوخشاش.

## 4-2 خام سۆز ئامبىرى

لۇغەت ئىزاھات كۆزنىكىدە، بەزى خام سۆزلەر ۋە ئاسان ئەستە قالمايدىغان سۆزلەرنى ئۇچرىتىمىز، بۇنداق سۆزلەرنى خام سۆز ئامبىرىغا ساقلاپ قويساق، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئايرىم تەكرارلىشىمىزغا ۋە ئەستە ساقلىشىمىزغا ياردىمى بولىدۇ.

## 5-2 رەسىملىك قامۇس

رەسىملىك قامۇستا رەسىم، يېزىق، ئاۋاز بىر گەۋدە قىلىنغان بولۇپ، ھەر قايسى كەسىپ ۋە ساھەدىكى سۆزلۈك ۋە ئاتالغۇلارنى رەسىم ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ▼ ▲ نى بېسىپ ئالدىنقى-كېيىنكى رەسىم مەزمۇنىنى كۆرگىلى، ماس رەقەم ياكى ھەرپ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ مۇناسىپ كۆرسەتمە ماددىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. سۆزلۈك كۆرسەتمىسى چىققاندىن كېيىن، F1 نى بېسىپ ئىنگلىزچە سۆزلۈكنى ئوقۇتقىلى، F2 نى بېسىپ خەنزۇچە سۆزلۈكنى ئوقۇتقىلى بولىدۇ. ▶ نى بېسىپ تەتۈر تاللاش ھالىتىگە كىرىپ، ENTER نى بېسىپ ئاتلىتىپ ئىزدىگىلى بولىدۇ؛ ESC نى بېسىپ ياكى كۆرسىتىش رايونىنىڭ سىرتىدىكى خالىغان جاينى بېسىپ چېكىنىپ چىقىشقا بولىدۇ. F3 نى بېسىپ بۇيۇملارنىڭ كۆپ تىللىق تىزىملىكىگە كىرگىلى بولىدۇ. ESC نى ياكى F3 نى بېسىپ ئالدىنقى كۆزنەككە چېكىنىشكە بولىدۇ.

**ئىزاھات:**

ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە لۇغەت، ئىنگلىزچە لۇغەتلەر، قازاقچە لۇغەتلەر ۋە كۆپ تىللىق لۇغەتلەر بۆلىكىدىكى ھەممە لۇغەتلەرنىڭ مەشغۇلات ئۇسۇلى ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتىنىڭ مەشغۇلاتى بىلەن ئوخشاش، بۇنىڭدىن باشقا ياردەم ھۆججىتىدىن پايدىلانسىڭىزمۇ بولىدۇ.

# 3- باب ئۆگىنىش ئىقتىدارى

ئۆگىنىش ئىقتىدارى مۇندەرىجىسى تۆۋەندىكىدەك:




## سول مېڭە ئىقتىدارى

## 3-0 جۈملە تەرجىمان

### 3-0-1 ئىنگلىزچىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش

[F1] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تەرجىمە تۈرىنى تاللايمىز؛ [F2] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ كىرگۈزۈش رايونىدىكى ھەممە مەزمۇننى تازىلىغىلى بولىدۇ؛ [F3] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ، تېكىست كىرگۈزگىلى بولىدۇ. [F4] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى ENTER كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تەرجىمە قىلىشنى باشلىغىلى بولىدۇ. [F5] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ قۇرنى يۆتكىگىلى، ياكى كۇنۇپكىسىنى بېسىپ نۇر بەلگە بار ئورۇندىكى مەزمۇننى ئوقۇتقىلى بولىدۇ.

تەرجىمە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، [F3 چىقىرىش] ياكى [F3] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تەرجىمە نەتىجىسىنى ساقلىغىلى بولىدۇ. [F4 تۈزىتىش] ياكى [F4] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ كىرگۈزۈش رايونىدىكى مەزمۇننى تۈزەتكىلى بولىدۇ.

**سېلىشتۇرۇش**

تەرجىمە نەتىجىسى كۆزنىكىدە، F5 كۇنۇپكىسىنى بېسىپ سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىش ھالىتىگە كىرگىلى بولىدۇ.

كۇنۇپكىسىنى بېسىپ نۆۋەتتىكى تاللانغان جۈملىنى ئوقۇتۇشقا بولىدۇ؛ F1 كۇنۇپكىسىنى بېسىپ سېلىشتۇرۇلغان جۈملىنىڭ تىلىنى ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ.

### 3-0-2 خەنزۇچىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىش

كونكرېت مەشغۇلات ئۇسۇلى ئىنگلىزچىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن بىردەك.

## 1-3 سىن دەرسخانىسى

ئاساسلىق مەشغۇلات تەرتىپى [MP4 سىن قويغۇ] ئىقتىدارىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەشغۇلات تەرتىپى بىلەن ئوخشاش.

## 2-3 تەجرىبىخانا

ئاساسلىق مەشغۇلات تەرتىپى [MP4 سىن قويغۇ] ئىقتىدارىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەشغۇلات تەرتىپى بىلەن ئوخشاش.

## 3-3 كارتون دەرسخانا

كونكرېت مەشغۇلاتتا كۆزنەك يۈزىدىكى كۆرسەتمە ئۇچۇرلار بويىچە مەشغۇلات قىلىڭ.

## 4-3 ياندىش مەشىق

كۆزنەك يۈزىدىكى مەزمۇننىڭ تەلەپپۇزىنى قويۇش، تەرجىمە قىلىش، تەكرار ئوقۇش، ئەگىشىپ ئوقۇش ۋە A-B تەكرار ئوقۇش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ، كونكرېت مەشغۇلاتتا كۆزنەك يۈزىدىكى كۆرسەتمە ئۇچۇرلار بويىچە مەشغۇلات قىلىڭ.

## 5-3 تەكرار باغچىسى

[ئاست] [ئۈست] [ئالدىنقى بەت] [كېيىنكى بەت] كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ مەزمۇننى زىيارەت قىلىشقا؛ ئەگەردە رەسىم بولسا، [رەسىم] نى چېكىپ رەسىم نومۇرىنى تاللاشقا بولىدۇ. رەسىم نومۇرىنى چېكىپ رەسىمنى كۆرۈشكە بولىدۇ. زىيارەت كۆزنىكىدە يەنە تەتۈر ئىزدەش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. مەشغۇلات ئۇسۇلى ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتىنىڭ ماس مەشغۇلاتى بىلەن ئوخشاش.

## 6-3 تەقلىدىي ئىمتىھان

### 1-6-3 تەقلىد

F1 كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تىزىملىكنى يىغقىلى ۋە ئاچقىلى بولىدۇ.

جاۋاب بېرىش كۆزنىكىدە ⏬ ⏫ ▼ ▲ [ئاست] [ئۈست] [ئالدىنقى بەت] [كېيىنكى بەت] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ سوئاللارنى زىيارەت قىلغىلى بولىدۇ.

ئېكران يۈزىدىكى ياكى كۇنۇپكا تاختىسىدىن TAB نۇر بەلگىنىڭ ئورنىنى يۆتكىگىلى بولىدۇ. [ئوڭ] [سول] يۆنىلىش كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ئالدىنقى ۋە كېيىنكى سوئالغا يۆتكىگىلى بولىدۇ؛ كۆزنەكتىكى ئەسكەرتىشكە ئاساسەن مۇناسىۋەتلىك ھەرپنى تاللاپ جاۋاب يېزىشقا بولىدۇ؛ ئەگەر رەسىم بولسا F3 كۇنۇپكىسىنى بېسىپ سۈرەت نومۇرىنى تاللاپ، [ئوڭ] [سول] ▶ ◀ كۇنۇپكىسىنى

بېسىپ سۈرەتنى تاللاپ ئاندىن ENTER كۇنۇپكىسىنى بېسىپ سۈرەتنى زىيارەت قىلغىلى؛ F5 كۇنۇپكىسىنى بېسىپ جاۋابنى يوللىغىلى بولىدۇ. تەقلىدى ئىمتىھان بېرىش ۋاقتى توشقاندا سىستېما ئاپتوماتىك سوئال قەغىزىنى تاپشۇرۇۋېتىدۇ.

**[سەممىي ئەسكەرتىش]**

ئوخشىمايدىغان سوئاللارنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن كونكرېتنى مەشغۇلات قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئىشلەتكۈچىلەر كۆزنەكتىكى مۇناسىۋەتلىك ئەسكەرتىشلەرگە ئاساسەن، ياردەم قىسمىدىكى چۈشەندۈرۈشلەردىن پايدىلىنىپ مەشغۇلات قىلىشقا بولىدۇ.

### 2-6-3 مەشق

بۇ ئىقتىداردا سوئالغا جاۋاب بېرىش ۋاقتىغا چەكلىمە قويۇلمايدۇ، سوئالغا جاۋاب بېرىۋاتقاندا سوئال چۈشەندۈرۈشىنى كۆرگىلى بولىدۇ. كونكرېت مەشغۇلات ئۇسۇلى "تەقلىد" قىسمىنىڭ ئىشلىتىش ئۇسۇلى بىلەن بىردەك.

## 7-3 دىئالوگ

**پارامېتىر بەلگىلەش**

پارامېتىر بەلگىلەش كۆزنىكىدە، ▲ ▼ ⏫ ⏬ نى بېسىپ بەلگىلەش تۈرىنى ئالماشتۇرۇشقا، ◀ ▶ نى بېسىپ پارامېتىر قىممىتىنى بەلگىلەشكە، [F1] نى بېسىپ بەلگىلىگەننى ساقلاپ مەزمۇننى زىيارەت قىلغىلى، [F1] نى بېسىپ بەلگىلىگەننى ساقلىماي مەزمۇننى زىيارەت قىلىش كۆزنىكىگە كىرگىلى بولىدۇ.

**زىيارەت كۆزنىكى**

◀ ▶ نى بېسىپ بارلىق جۈملىنىڭ مەزمۇننى زىيارەت قىلغىلى، ▲ ▼ ⏫ ⏬ لارنى بېسىپ بىر ئېكراندىن ئېشىپ كەتكەن مەزمۇنلارنى زىيارەت قىلغىلى بولىدۇ. تەلەپپۇز كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ئوقۇتقىلى، F1 كۇنۇپكىسىنى بېسىپ پۈتۈن ئوقۇتقىلى بولىدۇ. F2 نى بېسىپ تەكرار ئوقۇتقىلى، F3 نى بېسىپ ئەگىشىپ ئوقۇغىلى بولىدۇ.

**A-B قوشۇپ ئوقۇش**

